# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
21
دۈشەنبە
维吾尔文 10 月21日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24855 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئالاقە تورى يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 6 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئالاقە تورى يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جېجياڭ ۋۇجېندا ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل ئالاقە تورى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقى. ھازىر، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپلەر ئۆزگىرىشى تېز تەرەققىي قىلىپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، چوڭ سانلىق مەلۇمات، نەرسە تورى قاتارلىق يېڭى تېخنىكا، يېڭى قوللىنىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى خۇلاسىلەش دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى يەنىمۇ تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

## چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۈي خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى خۇلاسىلەش دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى چوڭقۇر شەرھلىنىپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان چاقىرىق، ئۆزگە ئىشىنىشنىڭ تەنتەنىلىك جاكارلىنىشى بولۇپ، يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنى يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشقا قوزغىتىشتا مۇھىم، زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەشتىكى بىر قاتار مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ئۇرغۇغان ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسى، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەشكە تەتبىقلاشقا يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى چىڭىتىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، جاسارەتلىك ـ يارامىلىق بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى پۈتۈش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي



ئالتۇن كۈزدىكى گۈزەل ئىلى

ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بۇك ـ باراقسان ئورمانلىق بولۇپ، ئالتۇن رەڭدىكى دەرەخلەر، جىمجىت ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بىلەن يىراقتىكى يېزا ـ مەھەللىلەر قوشۇلۇپ، شېئىرلاردىكىدەك، رەسسىملەردىكىدەك گۈزەل ئالتۇن كۈز مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلدى. (10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تارتىلغان)

□ لى ۋېنۋۇ فوتوسى

# ئاممىنىڭ جىددىي، قىيىن، غەم قىلىۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش

—— قاراماي شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

□ مۇخبىرىمىز پەرىزات، ئىختىيارىي مۇخبىر گاۋ يۇفېي

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قاراماي شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ـ تۆۋەننى تۇتاشتۇرۇپ ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزدىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «قاتتىق تۇتۇش»تىن باشلاپ، «پۇختا بولۇش»نى مەقسەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىپ، بىلگەن ھامان تۈزىتىپ، ئاممىنىڭ ئەڭ جىددىي، ئەڭ ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

■ ئەمەلىيەتكە يېقىنلىشىش ئۆگىنىشتە نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىش

قاراماي شەھەرلىك پارتكوم باش تېما تەربىيەسىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قاتلاممۇقاتلام بېسىم يەتكۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا قانات يايدۇرۇلۇشىغا، قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار، پايدىلىنىش يولىغا قويغان ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار مەركەزلىك ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسى، ۋەزىيەت، سىياسەت تەربىيەسى، ئىبرەت تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق مول، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

# ئۈرۈمچى شەھىرى يىل ئىچىدە 91 مىڭ ئائىلىلىك كونا ئۆينى ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتىشنى تاماملايدۇ

مۇخبىرلىرىمىز ۋېي خۇڭپىڭ، يې شياۋمىن خەۋەر قىلىدۇ: «بۇ ئۆيۈم 58 كىۋادرات مېتىر، 36 يىل ئولتۇردۇم. بۇ يىل ھۆكۈمەت ئاشخانامنى، تازىلىق ئۆيۈمنى ئۆزگەرتىپ بەردى، ئۆيۈم چوقېيىپ قالغاندەك، راھەت ھېس قىلدىم» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇزبې ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالە ۋاڭ خۇڭبىڭ مۇخبىرغا.

ۋاڭ خۇڭبىڭنىڭ بەخت تۇيغۇسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونى(كەپىلىك مەھەللە)نى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتقانلىقىدىن كەلگەن. بۇ يىل ئۈرۈمچى شەھىرى كونا ئولتۇراق رايونلارغا قارىتا ئاشخانا، تازىلىق ئۆيىنى ئۆزگەرتىش، تۇرۇبا سۈيى يولى، يۇندى يوللىرىنى ئۆزگەرتىش، لىفت ئورنىتىش، ئولتۇراق رايونلارنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى يانداشما ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساس قىلىنغان ئۆيلەرنى ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتىش يولغا قويۇپ، يىل ئىچىدە 91 مىڭ ئائىلىلىك كونا ئۆينى ئۆزگەرتىشنى پىلانلىدى، ھازىرغىچە 88 مىڭ 800 ئائىلىلىكتە قۇرۇلۇش باشلاندى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

جەنۇبىي شىنجاڭدا يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش قانات يايدۇرۇلدى

# تارىمدا گۈزەل يېزا ـ كەنتلەر بەرپا قىلىندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر سۈن جې) داۋۇت مەمەت پاكىز، رەتلىك ھەم چىرايلىق ھويلىسىغا نەزەر سالغاندىن كېيىن، چىرايىدا مەمنۇنلۇق ئەكس ئەتتى. «مەن ھازىرقى ياشلارغا ھەۋەس قىلىمەن، ئۇلار كىچىكىدىنلا ياخشى تاماقلارنى يەيدۇ، ياخشى ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، يەنە ياخشى سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، بۇلارنى مەن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان».

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

قۇم دېڭىزىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى دەريا بويى ——

# باشقا جايغا كۆچۈرۈش گۈزەل تۇرمۇشنى «كۆچۈرۈپ» كەلدى

□ مۇخبىرلىرىمىز جىن چۇەن، لىيۇ دۈڭلەي، پەرىزات

ئىككى قېتىملىق كۆچۈش، زامان ـ ماكاندىن ھالقىش. ئارىنى ئۇزاق يىللار ۋە تەكلىماكاندىكى پايانسىز قۇملۇق ئايرىپ تۇرغانىدى.

300 نەچچە يىل بۇرۇن، دەريا بويى يېزىسىدىكى ئەجدادلار تۇرمۇشنىڭ جەبىر ـ جاپالىرىغا چىدىماي، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ قۇملۇقنىڭ كىندىك رايونىغا 200 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ، دۇنيادىن ئايرىلىپ دېگۈدەك ياشاشقا باشلىغاندا، ئۇلار بەلكىم ئەۋلادلىرىنىڭ ئەينى يىللاردا كەلگەن يولنى بويلاپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن كۆچۈپ چىقىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بىر كىرىش، بىر چىقىشنىڭ ئوخشاش بىر لوگىكىسى بار: تېخىمۇ گۈزەل ياشاش ماكانىنى ئىزدەش.

2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كۈن بولدى. شۇ كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم 114 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ئەجدادلىرى ياشاپ كەلگەن قۇملۇقنىڭ كىندىك رايونىدىن ئايرىلىپ، ناھىيە بازىرىغا 91 كىلومېتىر كېلىدىغان، سۇ، توك يەتكۈزۈلگەن، يول تۇتاشتۇرۇلغان نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچۈپ كەلدى.

دەريا بويى يېزىسىنىڭ كۆچۈرۈلۈشى بەلگە خاراكتېرگە ئىگە، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»دىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ۋەزىپىسىنىڭ ھەممىسى تاماملىنىپ، 159 مىڭ 100 كىشى يېڭى تۇرالغۇغا كۆچۈپ كىردى.

■ قۇم دېڭىزىنىڭ ئىچكىرىسى بىلەن خوشلىشىش

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تۇنجى قېتىم دەريا بويى يېزىسىنى ئاشكارىلىغاندىن بۇيان،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP